دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنگە قايتقان خۇاچياۋلار بىرلەشمىسى:

# شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىناق چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلدى، ئوچۇقتىن - ئوچۇق كىشىلىك ھوقۇق قوش ئۆلچىمىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ھېسابلاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلىدى ۋە قارا چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. شىنجاڭدىكى ۋەتەنگە قايتقان كەڭ خۇاچياۋلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. ئىلگىرى، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئېغىر خەۋپىگە ئۇچرىغان، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش تەرتىپى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى ئېغىر دەپسەندە قىلىنغان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دىنىي ئەسەبىزمدىن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئالغا بېسىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىدەك پاكىتنى ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئادەم ئىنكار قىلالمايدۇ. شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىناق بولغان، گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ۋەتەنگە قايتقان كەڭ خۇاچياۋلار ۋە خۇاچياۋلار ئائىلە تەۋەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىشىغا، خالىغانچە تۆھمەت قىلىشىغا، خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇ «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئايرىماي، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شىنجاڭنى ھاقارەتلەپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگوغا كەلسە - كەلمەس قول تىقتى، بۇ، قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسقانلىق.

بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولىدىكەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولىدىكەن، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 73 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 73 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا، مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىستېمالى يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قوزغىتىش، شەھەر - بازار پاسكىنا سۇيىدىن قايتا پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش تۈزۈم جەھەتتە چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم تەدبىر، مۇۋاپىق مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي يول، شۇنداقلا قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسىي تەلەپ. ئاپتونوم رايونىمىز مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ھوقۇقى ئۆلچىمى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مىقدارلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، جازا ئۆلچەش بوشلۇقىنى تارايتىپ، خالىغانچە جازا ئۆلچەشنى چەكلەپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكنى ئۆستۈرۈپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى يەنىمۇ قوغداپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ۋە نازارەت قىلىشنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، تەرتىپلىشىش يولىدا مېڭىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىستېمالى يوشۇرۇن كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىش مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىستېمالى ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى، ئىستېمال مۇھىتىنىڭ تېخىمۇ ئەلا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تەمىناتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مۇقىملىق پايدىسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، تەمىنات ۋە ئېھتىياجدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدىن كۈچەپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ساھەسىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مەھسۇلات تەمىناتىنى بېيىتىپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىستېمال سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىستېمالى كۆلىمىدە تېز ئېشىش ھالىتىنى ساقلاشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شەھەر - بازار پاسكىنا سۇيىدىن قايتا پايدىلىنىش شەھەر - بازارلاردا سۇ تېجەپ بۆلغىما قويۇپ بېرىشنى ئازايتىشقا، تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم يول، شۇنداقلا بايلىق تېجەر، مۇھىت سۆيەر جەمئىيەت قۇرۇشتىكى مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بۆلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ، شەھەر - بازار پاسكىنا سۇيىدىن قايتا پايدىلىنىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سۇ مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى تېجەش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىنى كېلەر يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىلدى، يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىنى 2020 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ قارالمىسى(لايىھە)، كۈنتەرتىپى قاتارلىق ئالاقدار ئىشلار ماقۇللاندى، ئالاقدار لايىھە ۋە دوكلاتلار تەرتىپ بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ؛ «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى» «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامى» ۋە ئالاقدار كادىرلار ئىشلىرى ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتتىكى ھەرساھەدىكىلەرنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قوغداشقا، ياخشى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتى 9 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنىنى توغرا ئىگىلەپ، قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشتىن ئىبارەت فۇنكسىيە، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، مەخسۇس كومىتېتلار ۋە سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، دادىللىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەت ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئۈچۈن ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، ھەققىي تەكلىپ بېرىش، ياخشى تەدبىر بەلگىلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تەييارلىق كۆرۈپ، تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىق بىلەن تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، چىڭ تۇتۇپ، جايىدا تۇتۇپ، يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىنشەن، جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 74 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 74 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر خىزمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ مۇھىم نىزام لايىھەسىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسى «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىشىغا ماسلىشىپ تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نىزام چىقىرىشقا تەرتىپلىك قاتنىشىش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلام نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى كېڭەيتىپ، دېموكراتىك كېڭىشىپ نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىشتا ئاشكارا پىكىر ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دېموكراتىك نىزام چىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ رايونلار ماسلىشىپ نىزام چىقىرىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئوخشاش قارالمىلار توغرىسىدا نىزام چىقىرىش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇپ، ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئورتاق تەتقىق قىلىش كېرەك؛ ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، نىزامنى تەستىقلىتىشقا يوللاش خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مىللەتلەر خىزمىتىدىكى قانۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى قانۇن، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە ھېسسىياتنى يۇغۇرۇش بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا كەڭ تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا بىر يىل بولدى، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدە ئوڭۇشلۇق باشلاش، تەدرىجىي كېڭەيتىش، ئۈنۈملۈك يۈرۈشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، تەتقىقات يۆنىلىشى ۋە نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسىنى تۈزۈشى كېرەك؛ دىققەتنى باش نىشانىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى چۆرىدەپ مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپرەك نەتىجە يارىتىش، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچەپ، خىزمەت سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيە تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك.